مەسچىتىنىڭ ئالدىدا قەتلى قىلىدۇ . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بوينىغا قىلىچ تەگلەنگەندىمۇ دۈشمەنگە باش ئەگمەي، باتۇرلارچە كۆكرەك كېرىپ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يالقۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەيدۇ . بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلغاندا « ياشىسۇن ئەركىنلىك! » ، « ياشىسۇن ئازادلىق! » دەپ ياڭراق شۇئار توۋلاپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ.

II

**سۆھبەت**

ئا: ئالىيە، دەرس توختاتتىڭلارمۇ؟

ئە: ھەئە، توختاتتۇق.

ئا: نەچچىنچى چىسلادا توختاتتىڭلار؟

ئە: 12- چىسلادا، سىلەرچۇ؟

ئا: ئۆتكەن ھەپتىنىڭ 6- كۈنى. سىلەر ماتىماتىكىدىن قاچان ئىمتىھان بېرىسىلەر؟

ئە: ئەتە.

ئا: نەچچىنچى چىسلار (دا) ماتىماتىكىدىن ئىمتىھان بېرسىلەر؟

ئە: 27- چىسلا (دا).

ئا: باشقا دەرسلەردىن ئىمتىھان بېرەمسىلەر؟

ئە: يەنە « ئەدەبىيات » تىن ئىمتىھان بېرىمىز. سىلەر نېمە دەرسلەردىن ئىمتىھان بېرىسىلەر؟

ئا: بىز تارىختىن، ئىنگلىزچىدىن ئىمتىھان بېرىمىز. قاچان تەتىل قىلىسىلەر؟

ئە: 2- ئاينىڭ 10- كۈنى. سىلەرچۇ؟

ئا: بىز 2- ئاينىڭ 11- كۈنى تەتىل قىلىمىز.

**يېڭى سۆز- ئىبارىلەر**

| | |
|---|---|
| چىسلا | Tarih |
| شەنبە | Cumartesi |
| يەكشەنبە | Pazar |
| ئىنقىلاپچى | Devrimci |
| يۈرەك | Kalp |
| تالانتلىق | yetenekli |
| سودىگەر | Tüccar |
| نىسبەتەن | Göre |
| ساۋات | Okur yazarlık |
| مەچىت | Mescit |

140

بولۇپ، 21 ياشلارغا كەلگەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ۋە كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلىغان .

1916 -يىلىچوڭ دادىسى مىجىت ھاجى سودا بىلەن روسىيىگە بارغاندا، ئۇمۇ بىللە بېرىپ، روسىيىنىڭ شەمەي(ھازىرقى سىمپلاتىنىسكى) شەھىرىدە رۇس تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ . تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە تۇرپان يېڭى شەھەردىكى شۆتاڭغا كىرىپ خەنزۇ تىل يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئەلا نەتىجە بىلەن مەكتەپنى تاماملايدۇ .

1923 – يىلى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە 2 – قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، يەنە 3 يىل ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ . بۇ جەرياندا ئۇ پۇشكىن، لېرمۇنتوۋ، تولوستوي ۋە گوركى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ رۇس ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ . 1926 – يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپلا يېڭىچە ئىلىم – پەننى تەرغىپ قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن گېزىت ژۇرنال نەشر قىلىشقا ھەرىكەتلىنىپ، تۇرپاندا باسما زاۋۇتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . لېكىن ئەكسىيەتچى، مىلىتارىست ياڭ زىڭشىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا يول قويمايدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان ئاستانىدىكى مەخسۇت مۇھىتى، پىچاندىكى ئىسكەندەر خوجا قاتارلىقكىشىلەر بىلەن 1927– يىلى « ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى » نامىدا بىر مەرىپەت جەمىيىتى قۇرۇپ، ئىئانە توپلاپ تۇرپان يېڭىشەھەردىكى نىياز سەيپۇڭ دېگەن كىشىنىڭ قوروسىدا بىر يېڭى مەكتەپ، كېيىنكى يىلى يېڭىشەھەر ئاقسارايدا « ھۆررىيەت مەكتىپى »، كونا شەھەر جەنۇبىي قۇۋۇقتا يەنە بىر مەكتەپ ئاچىدۇ.

بۇ دەۋردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولىدۇ . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى چوڭقۇر سىياسىي مەزمۇن، ئۆتكۈر ئىسيانكارلىق سادالىرى ھەتتا ئەينى دەۋردىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ئەندىشىگە سالىدۇ . ھۆكۈمەت ئۇنى شېئىر يېزىشتىن، خەلقنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلەيدۇ.

ئۆز غايىسى يولىدا تېز پۈكمەس روھقا ئىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1932 – يىلى 11- ئايدا « ئويغان » ، « ئاچىل » دېگەن شېئىرلىرىنى ئاق رەختكە چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ . 1932- يىلى 12- ئاينىڭ بېشىدا تۇرپان ۋە قۇمۇلدا دېھقانلار زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ . قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بارغان شىڭ شىسەي 1933 – يىلىنىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە قايتىشىدا تۇرپانغا كەلگەندە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ بىرقانچە سەبدىشىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مەنىۋى تەرغىباتچىسى دەپ قاراپ تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ . جاللات شىڭشىسەي 1933 – يىلى 3 – ئاينىڭ 13 – كۈنى ئۇنى سەبداشلىرى بىلەن قوشۇپ تۇرپان شەھىرىنىڭ يېڭى شەھەر قازىخانا

II

ئا: بۈگۈن ئايغا/ چىسلاغا قانچە؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بۈگۈن ئايغا \ چىسلاغا | بەش<br>ئون تۆت<br>يىگىرمە توققۇز | . |

III

ئا: بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: بۈگۈن كۈنگە | دۈشەنبە<br>سەيشەنبە<br>پەيشەنبە | . |

ئا: ئەتە كۈنگە نېمە؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: ئەتە كۈنگە | شەنبە<br>جۈمە<br>يەكشەنبە | . |



IV

| | | |
|---|---|---|
| ئا: | 7-<br>18-<br>26- | چىسلا ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى بولىدۇ؟ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئە: | 7-<br>18-<br>26- | چىسلا ھەپتىنىڭ | 2-<br>5-<br>4- | كۈنى بولىدۇ. |

**تېكىست**

I

**ئۇيغۇر ئوت يۈرەك شائىرى ئىنقىلاپچى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر**

تۇرپان شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتلىك ئائىلە ئىدى . ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 5 يېشىدىلا ساۋادىنى چىقارغان